# پەرھات ئۆستىڭىدىن قەدىمكى تاشقورغان
# قىرپاند دۆلىتىگە نەزەر

شېرىن قۇربان مەدەمخان

پەرھات ئۆستىڭى تىلغا ئېلىنسا، كىشىلەر «پەرھات - شېرىن» رىۋايىتىدە تەسۋىرلەنگەن پەرھات بىلەن شېرىندىن ئىبارەت ئاشىق - مەشۇقنىڭ قويۇق مۇھەببىتى ۋە ئۇلارنىڭ تىراگېدىيىلىك سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەسكە ئالىدۇ.

قىرپاند — تاجىكچە سۆز بولۇپ، «قىر» تاغ دېگەننى؛ «پاند» يول دېگەننى بىلدۈرىدۇ. «قىرپاند دۆلىتى» تاغ يولى دۆلىتى دېگەننى بىلدۈرىدۇ. كۆپىنچە تارىخشۇناسلار قىرپاند دۆلىتى دەل يىپەك يولىنىڭ ئۆتكىلىدە بولغاچقا، مۇشۇنداق نام قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ.

ھەقىقەتەنمۇ جاھانشۇمۇل بۈيۈك شائىر، تاجىك - پارس كلاسسىك ئەدەبىيات ئەھلىنىڭ ئەڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى[1] (940 — 1020) تۇنجى قېتىم قەلەم تەۋرىتىپ، يازما ئەدەبىيات ھالىتىگە كەلتۈرگەن، كېيىنكى شائىرلار داۋاملاشتۇرۇپ ۋە ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن «خىسراۋ — شېرىن»، «پەرھات - شېرىن» داستانلىرى بىپايان ئوتتۇرا ئاسىيا ماكانىدا ياشىغۇچى تاجىك - پارس ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ئارىسىدا ئىنتايىن كەڭ تارقالغان. پەۋقۇلئاددە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە كلاسسىك ئەسەرلەردۇر.

ھەر قانداق بىر كىتابخان «خىسراۋ - شېرىن» ياكى «پەرھات - شېرىن» داستانلىرىنى ئوقۇغىنىدا، بۇ ئەسەرلەرنىڭ چىنلىقى، ئەدەبىيى ۋە بەدىئىيلىكىنىڭ قانداقلىقىغا باھا بېرىدۇكى، ئەسەرلەردە بايان قىلىنغان ۋەقە تارىختا راستىنلا ئۆتكەنمىدۇ؟ پەرھات قازغان ئۆستەڭ قەيەردىدۇ؟ ... دېگەن مەسىلىلەر توغرىسىدا باش قاتۇرمايدۇ. باش قاتۇرۇشىمۇ ھاجەتسىز، چۈنكى، بۇ ئەسەرلەرنىڭ يازغۇچىنىڭ قەلىمى تەرىپىدىن ئەقىلغا سىغمايدىغان، رىئاللىققا ئۇيغۇن قىلىپ يازىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىكەنلىكى ھەممە كىتابخانغا ئايان.

بىراق، ئادەمنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغىنى شۇكى، سىز ئېلىمىزنىڭ پامىر ئېگىزلىكىگە قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭىزدا، ئۇ يەردە ھەر قانداق بىر ئادەمدىن پەرھات ئۆستىڭى قەيەردە؟ دەپ سورىسىڭىز، دەرھال سىزگە تاشقورغان دەرياسىنىڭ

شەرقىي قىرغىقىدىكى جەنۇپتىن شىمالغا سوزۇلغان ھەيۋەتلىك گەندقىر* تاغ باغرىنى بويلاپ قېزىلغان غايەت زور قەدىمكى ئۆستەڭ ئىزىنى ۋە ئۆستەڭ ئەتراپىدىكى باشقا خارابىلارنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سىز يەنە بۇ ئۆستەڭ قانداق قېزىلغان؟ دەپ سورىسىڭىز، ئۇ سىزگە ئادەمنىڭ يۈرەك تارىسىنى تىترىتىدىغان تەسىرلىك مۇنۇ راۋايەتنى سۆزلەپ بېرىدۇ:

«بۇنىڭدىن كۆپ ئەسىرلەر بۇرۇن سەرىقول (تاشقورغان) رايونىدا گويا ھۆر-پەرىگە ئوخشايدىغان شېرىن ئىسىملىك بىر ساھىبجامال قىز ئۆتكەن ئىكەن. بۇ قىز كۆپلىگەن يىگىتلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىپتۇ. ئەمما، قىز پەرھات ئىسىملىك يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالىدىكەن. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا سەرىقول رايونىنىڭ شاھى خىسراۋمۇ قىزغا مەھلىيا بولۇپ، ئۇنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ. شېرىن چىن كۆڭلىدىن پەرھاتنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئەمما، خىسراۋ شاھنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلاشقانلىقىنى، ئەگەر ئۇنىڭ تەلىۋىنى رەت قىلسا، ھەممە ئەسكىلىكلەرنى قىلىشتىن يانمايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ پەرھاتقا تېگىش مەقسىتىنىڭمۇ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى پەملەپ، پەرھات بىلەن خىسراۋنى چاقىرىپ ئۇلارغا: ئىككىڭلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا يۆنىلىشى بىر-بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى ئۆستەڭ قېزىڭلار، قازغان ئۆستەڭ 4 ياشلىق كالىنى ئېقىتىپ كېتەلەيدىغان چوڭقۇرلۇقتا بولسۇن، ئەگەر كىمىكى مۇشۇنداق ئۆستەڭنى پۈتتۈرۈپ تەييار قىلسا، شۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇندايمەن، دەپ شەرت قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خىسراۋ تاشقورغان ناھىيە تاغارمە يېزىسىنىڭ تۆگرەك بۇلاق دېگەن يېرىدىن ئۇچوشمان دېگەن يەرگىچە شىمالدىن جەنۇپقا قاراپ ماڭىدىغان بىر ئۆستەڭ قېزىشقا، پەرھات دەپتەر يېزىسىنىڭ غىجەكبويى دېگەن يېرىدىن سىتەرگۈز دېگەن يەرگىچە جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ بىر ئۆستەڭ قېزىشقا رازى بولۇپتۇ. ھەر ئىككىسى ئۆستەڭ قېزىشقا كىرىشىپتۇ. پەرھات ئىگىبىر جاپا بىلەن ئۆستەڭنى قېزىپ

---

* گەندقىر — تاجىكچە سۆز بولۇپ، «گەند» ئەسكى، يامان دېگەننى، «قىر» تاغ دېگەننى بىلدۈرىدۇ. «گەندقىر» ئەسكى تاغ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. راۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، گەندقىر ئەسلىدە گۈل-گىيالار بىلەن ئورالغان بىر يېشىللىزارلىق ئىكەن. كېيىن، بىر ئادەم قىزى بىلەن سەيلىگە چىقىپ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان پەسكەشلىكنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، تەڭرى غەزەپلىنىپ، بۇ تاغنى قاقاسلىققا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ تاققا «گەندقىر» دەپ نام قويۇلغان. بەزىدە بۇ تاغ ئەفراسىياپ تېغى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەنىسى گىياسىز قارا تاغ دېگەن بولىدۇ.

سۇ باشلاپتۇ. تۆت ياشلىق كالىنى سۇغا سالسا كالا ئاقماپتۇ. پەرھات تازا تەڭلىكتە قالغان چاغدا، شۇ يەردىكى بىر ئاقكۆڭۈل موماي چىقىپ: پەرھات بالام، سەن كۆپ جاپا چېكىپسەن، بۇ ئۆستەڭنى قازدىڭ، ئەمما بىلگىنىڭكى، كالا ئۆستەڭ سۈيىدە ئەمەس، پۈتكۈل تاشقورغان دەرياسىنىڭ سۈيىدىمۇ ئاسانلىقچە ئاقمايدۇ، شۇڭا بىر كالىنى تۇلۇملاپ سويۇپ، ئىچىگە سامان تىق، ئاندىن شىلۇنىڭە ئۆستەڭنى تاماشا قىلىش توغرىسىدا خەۋەر يەتكۈز، شۇ چاغدا كالىنى سۇغا سالساڭ سۇدا ئاقىدۇ. سەنمۇ مەقسىتىڭگە يېتىسەن دەپتۇ. پەرھات مومايىنىڭ تەكلىپىگە قوشۇ-لۇپتۇ. ئەمما، بۇ خەۋەر تېزلا خىسراۋنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ (خىسراۋنىڭ ئۆستەڭنى تېخى تەييار بولمىغان دېسەكەن). خىسراۋ غەزەپكە كەپتۇ ـ دە، لەشكەر تارتىپ، پەرھاتنى ئۆلتۈرۈپ پۈتكۈل سەردۇلنى ۋەيران قىلىپ، شىرىننى زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىش قارارىغا كەپتۇ. شۇ چاغدا بىر جادۇگەر كەمپىر كېلىپ: ئەي شاھى خىسراۋ، سەن لەشكەر كۈچى بىلەن شىرىننى تارتىۋالماقچى بوپسەن، ئەگەر راستلا شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ، ئەبەدىلئەبەد ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان نامەرد، دېگەن نامنى ئالىسەن. مەندە شۇنداق بىر چارە باركى، ئۇنى ئىشقا سالساڭ، پەرھات ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇ چاغدا شىرىن سېنىڭكى بولماي نەگە قاچاتتى؟ دەپتۇ. جادۇگەر كەمپىرنىڭ چارىسى خىسراۋ شاھقا راسا يېقىپتۇ. ئۇ خۇشاللىقىدىن جادۇگەر كەمپىرگە نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش ئىنئام قىلىپ، ئۇنى پەرھاتنىڭ يېنىغا يولغا سېپتۇ. جادۇگەر كەمپىر پەرھاتنىڭ يېنىغا كېلىپ، ناھا-يىتى ئېچىنغان قىياپەتتە ھەدەپ ئۇھ تارتىپتۇ. پەرھات ئۇنىڭدىن نېمە بولغانلىقىنى سورىغان ئىكەن. جادۇگەر كەمپىر: ئەي پەرھات، مەن سېنىڭ ئاخماقلىقىڭغا ئېچىنىۋاتىمەن. شىرىن خىسراۋنىڭ قۇچىقىدا يايراۋاتسا، سەن بۇ يەردە ئۆستەڭ قېزىپ، بىھۇدە جاپا چېكىۋاتىسەن، دەپتۇ. جادۇگەر كەمپىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان پەرھات شۇنداق غەزەپلىنىپتۇكى، بېشىنى تاشقا بىر ئۇرۇپ، جېنىدىن جۇدا بوپتۇ. جادۇگەر كەمپىر دەرھال شىرىننىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە: پەرھاتنى تاغ بېسىپ ئۆلدى، سەن بۇ يەردە نېمىنى كۈتۈپ ئولتۇرىسەن، دەپتۇ. ئۆزىنىڭ ۋاپادار يارى-نىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، شىرىن نالە ـ پەرياد قىلىپ، پەرھاتنىڭ ئۆلگىنىنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە: ئەي ۋاپادار يارىم، سېنى دەپ شۇنچە ئازابلارنى چەكتىڭ، [illegible] ۋىسالىمغا يېتەلمىدىڭ، دەرد ئاشىقىم، زالىم خىسراۋ [illegible] ئىچىدە جان ئۈزدۈڭ. ئەمدى بۇ زالىم مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مېنى ئەمرىگە ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ، مەن ئۆزەمنى بۇ زالىمغا ھەرگىزمۇ راۋا كۆرمەيمەن، ئەمدى ئۇ دۇنيادا روھىمىز بولسىمۇ تېپىشىۋۇن. ئۆلۈكىمىزمۇ بىرگە بولسۇن دەپتۇ ـ دە،

يۈرىكىگە خەنجەر تىقىپ، ئۆزىنى پەرھاتنىڭ ئۆستىڭىگە تاشلاپتۇ. كىشىلەر شېرىننىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، ئۇلارنى بىر يەرلىكتە قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ پەرھات ئۆستىڭى بىزگە يادىكار بولۇپ قاپتۇ.»

— ئۆستەڭ قېزىلغان دەۋر شارائىتىنى سۈرۈشتۈرسىڭىز، ھېچكىم جاۋاب بېرەلمەيدۇ.

تاشقورغان رايونىدا راستىنلا پەرھات ئۆستىڭى دېگەن ئۆستەڭ بار. ئۇنىڭ ئىزىنى ھازىرمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. ئۆستەڭنىڭ بېشى تاشقورغان ناھىيە دەپتەر يېزىسىنىڭ غەججەكبويى دېگەن يېرىدىن باشلىنىپ، ئەگرى-بۈگرى گەند قىر تاغ باغرىنى بويلاپ، گەند قىر تاغلىرى ئۈزۈلۈپ قالىدىغان سېتەركگۇز دېگەن يەرگە قەدەر بارىدۇ. ئۆستەڭنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 80 كىلومېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، خەتەرلىك تىك قىيالاردىن، چوڭقۇر ھاڭ، جىلغىلاردىن ۋە قۇملۇقتىن ئۆتىدۇ. ئۆستەڭ ئەتراپىدا كۆپلىگەن مۇنبەت يەرلەر، بوز يەرلەر ۋە كۆز يەتكۈسىز تۈز-لەڭلىك بار. قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى ھەققەتەن ئادەمنى ھەيران قالدۇر-دۇ. ئۆستەڭنىڭ كەڭلىكى، چوڭقۇرلۇقى ۋە ئۆستەڭ ئەتراپىدا تۈرلۈك قۇرۇلۇش خارابىلىرى توغرىسىدا ئېنىق بىر سانغا ئىگە بولالمىساقمۇ، يىلانسىمان بۇ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر سەرىقول رايونىدىكى بىردىنبىر ئەڭ چوڭ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

— مۇشۇنداق چوڭ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى زادى قاچان بولغان؟ ئۇنى كىم قازغان؟ — بۇ ھازىرغا قەدەر ئېچىلمىغان سىر. بىزنىڭچە، بۇنىڭغا «پەرھات-شېرىن» رىۋا-يىتىدىن جاۋاب تېپىش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. چۈنكى، مەيلى «خىسراۋ-شېرىن» رىۋايىتى بولسۇن، مەيلى «پەرھات-شېرىن» رىۋايىتى بولسۇن، ئۇلار گەرچە مەلۇم تارىخىي پاكىت ئاساسىدا پەيدا بولغان بولسىمۇ، ئەمما، ئۇلار يەنىلا بىر خىل سەنئەت ئىجادىيىتى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي كۆز قارىشىنى ۋە سەنئەت ئارزۇسىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، ئەسلىدىكى پاكىتتىن كۆپ يىراقلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ رېئال تارىخنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ئۇلارنى پايدى-لىنىش ماتېرىيالى قىلىشقىلا بولىدۇ.

پەرھات ئۆستىڭى — ئەمگەكچان، پاراسەتلىك، باتۇر تاجىك خەلقىنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مېۋىسى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئۇنى قاچان، قايسى دەۋردە، قانداق چىقارغان؟ بۇنىڭغا تاشقورغاننىڭ قەدىمكى تارىخىنى ۋاراقلىغاندا، جاۋاب چىقىدۇ.

ئەپسۇسكى، پەرھات ئۆستىڭى ھەققىدە تا ھازىرغا قەدەر يازما خاتىرە چىقمىدى. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشمۇ ئېلىپ بېرىلغىنى يوق. شۇڭا، ئۆستەڭنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە قىياسەن پىكىر قىلماقتىن باشقا ئامال يوق.

بۇ ماقالىدا پەرھات ئۆستىڭىنىڭ تارىخىنى يورۇتۇپ بەرمەكچى ئەمەسمىز، يورۇتۇپ بېرىشكىمۇ ئاجىزلىق قىلىمىز. پەقەت ئارخېئولوگلارنىڭ ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاشقا ياردىمى بولۇپ قالار، دېگەننىلا مەقسەت قىلىمىز، خالاس.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى زۆرۈر دەپ ھېسابلايمىزكى، پەرھات ئۆستىڭىنىڭ تارىخي ئارقا كۆرۈنۈشى، دەۋر شارائىتىنى ئېنىقلاپ چىقىش — ئېلىمىز پامىر رايونىنىڭ تارىخىنى، ئەمگەكچان تاجىك خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتىنى، قەدىمكى تاشقورغان رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات تارىخى ۋە ئۆزگىرىشىنى، ئىجتىمائىي تۈزۈمى، شۇنىڭدەك نۇرغۇن مۇناسىۋەتلىك تارىخي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش - بىلىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، ئەلۋەتتە.

بىز پەرھات ئۆستىڭى قەدىمكى تاشقورغان گۈللەنگەن قىرپاند دۆلىتى دەۋرىدە ئېلىپ بېرىلغان سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايمىز. قىرپاند دۆلىتى زامانىدىكى تاشقورغان رايونىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىدىن قارىغاندا، مۇشۇنداق قاراش تارىخي پاكىتلارغا ئۇيغۇن. ئىسلامىي ۋە-پۈت تىرەت تۇرالايدۇ. قەدىمكى تاشقورغاندا كۆپلىگەن پادىشاھلىق - خانلىقلار ئۆتكەن. بۇ پادىشاھلىق - خانلىقلار ئىچىدە قىرپاند دۆلىتى — تارىخى ئۇزۇن، مەدەنىيەتلىك ۋە بىر قەدەر قۇدرەت تاپقان دۆلەت. قىرپاند دۆلىتى دەۋرىنى تاشقورغان تارىخىدىكى ئەڭ گۈللەنگەن ئالتۇن دەۋر دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

قىرپاند دۆلىتىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرىنى ئېنىق ئاچساق، دەل ۋاقتىنى ئېيتىپ بېرىش تەس. خەنزۇچە تارىخي كىتابلاردىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، قىرپاند دۆلىتىنى مىلادىنىڭ باشلىرىدا بارلىققا كەلگەن، دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. «لوياڭ سانگارام تەزكىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە، سۇڭيۈن ساياھەت قىلىپ قىرپاند دۆلىتىگە كەلگەندە، بۇ دۆلەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان پادىشاھ 13 - ئەۋلاد ئىكەن. سۇڭيۈن مىلادى 519 - يىلى قىرپاند دۆلىتىگە كەلگەن.

«ئۇلۇغ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتلاردا قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى»دا خاتىرىلىنىشىچە، مىلادىنىڭ 614 - يىلى شۈەنجاڭ قىرپاند دۆلىتىگە كەلگەندە، ئۇيسۇن بەگلىكىنىڭ قىرپاند دۆلىتىگە بېقىنغىنىغا بىر نەچچە يۈز يىل بولغان ئىكەن. دېمەك، بۇنىڭدىن قىرپاند دۆلىتىنىڭ مىلادىنىڭ I، II ئەسىرلىرىدە بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

...لىق قىرپاند دۆلىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى تاسادىپىي ئەمەس، بەلكى ئۇ جەمئىيەت
تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە ۋېي،
جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە غەربىي يۇرتلاردىكى بەگلىكلەردە كۆپلىگەن ئۆزگىرىشلەر
بولغان. بۇنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشى، تاۋار
ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، چوڭ بېلىقلار كىچىك بېلىقلارنى يېيىشكە،
كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلىشقا باشلىغان. بىر قىسىم تەرەققىي تاپقان بەگ-
لىكلەر تەرەققىي تاپمىغان بەگلىكلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، كۈچلۈك ھاكىمىيەتلەرنى
بەرپا قىلغان ئىدى. قىرپاند دۆلىتى دەل يىپەك يولىنىڭ ئۆتكىلىدە بولغاچقا،
ئۇ شەرق بىلەن غەربنىڭ تەسىرىنى تېز قوبۇل قىلغان. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئىقتىـ
سادى ۋە مەدەنىيىتى خېلىلا تەرەققىي قىلغان. ئۇ پامىردىكى كۆپ جايلارنى ئۆز-
گە قوشۇپ، بىر قەدەر قۇدرەتلىك ھاكىمىيەت بەرپا قىلىپ، ئەينى ۋاقىتتا ئەترا-
پىدىكى كۈچلۈك دەپ سانالغان سۇلى (قەشقەر) ئۇدۇن (خوتەن) قاتارلىق
دۆلەتلەر بىلەن زامانداش بولۇپ تۇرغان ئىدى.

قىرپاند دۆلىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر
دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى دۆلەت چېگرىسى ئامۇ دەرياسىنىڭ
يۇقىرى ئېقىمىدىكى خۇاگو (مىلادى 7- ئەسىردىن بۇرۇن ئېفتالىتلار تەرىپىدىن
قورۇلغان دۆلەت بولۇپ، پايتەختى ئافغانىستاننىڭ پەيزى ئاباد شەھىرى ئىدى)
بىلەن جەنۇپتا جىبىن (غەربتىكى قەدىمىي دۆلەت. ئورنى ھازىرقى كەشمىر ئەتراپىدا)
لاۋا بىلەن تۇتىشاتتى، شىمالىدا سۇلى، شەرقىدە قاغىلىق بىلەن چېگرىداش ئىدى.
قىرپاند دۆلىتى خېلى بۇرۇنلا ھىندى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى دەنچاسلو
دۆلىتى (ئەسلى ئورنى ھازىرقى پاكىستاننىڭ راۋالپىندى شەھىرىدە، خارابىسى
ھازىرمۇ بار. دەنچاسلو دۆلىتى خېلىلا تەرەققىي تاپقان چوڭ دۆلەت بولۇپ، چېگ-
رىسى پاكىستاننىڭ شىپاۋۇر دېگەن يېرى بىلەن ئافغانىستاننىڭ پۈتكۈل شەرقىي
قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى) گە ھۇجۇم قىلغان.

خاتىرىلەرگە قارىغاندا، قىرپاند دۆلىتىنىڭ پايتەختى گۈزەل مەنزىرىلەر
ئىچىدە ئىكەن. شەھەرنىڭ ئايلانمىسى 10 چاقىرىمدىن ئاشىدىكەن. شەھەر تاغنىڭ
ئۈستىدە بولۇپ، كەينى تود① دەرياسىغا قاراپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ يەنە 12 شەھەر

---

① تود دەرياسى — قەدىمىي زەرەپشان دەرياسىنىڭ نامى، تاشقۇرغان دەرياسى
بولسا زەرەپشان دەرياسىنىڭ غەربىي تارمىقى «...ئارقىسىدا تود دەرياسى بار»
...لىغا دېگىنى دەل ھازىرقى تاشقۇرغان دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ. تاشقۇرغان دەرياسى كونا
خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا «徙多河» دەپ ئېلىنغان.

قەلئەسى بولغان ئىكەن. «ئۇلۇغ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتلارغا قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، «تاغ چوققىلىرى بىر-بىرىگە تۇتاشقان، تۈزلەڭ ئېدىرلىرى تار «... دەل-دەرەخ، مېۋە-چېۋىلىرى ئانچە مول ئەمەسكەن...» دېمەك، قىرپاند دۆلىتىنىڭ پايتەختى ھازىرقى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ناھىيە شەھىرى يېنىدىكى ھەيۋەتلىك قەدىمكى تاش شەھەر خارابىسى بولۇشى مۇمكىن. 1982-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتى تاشقورغاندىكى قەدىمكى تاش شەھەر قەلئەسىنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مىس پۇللارنى تاپتى. بۇنىڭدىن تاشقورغاندىكى قەدىمكى تاش شەھەرنىڭ قەدىمدە تاشقورغاندا ئۆتكەن پادىشالىق-خانلىقلار، جۈملىدىن قىرپاند دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

قىرپاند دۆلىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى شۇ ۋاقىتتىكى تاشقورغان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تۈزۈمىدە زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، قىرپاند دۆلىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى قەدىمكى پامىر رايونىنىڭ قۇللۇق تۈزۈمدىن يېڭى بىر ئىجتىمائىي تۈزۈمگە — فېئوداللىق تۈزۈمگە ئالمىشىپ ئۆتكەنلىكىنىڭ مۇھىم ئالامىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قىرپاند دۆلىتى فېئوداللىق تۈزۈمدىكى بىر بەگلىك ئىدى. فېئوداللىق تۈزۈمگە ئۆتۈشتە ئۇنىڭ يېپەك يولىنىڭ ئۆتكىلىدە بولغانلىقى، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالماشتۇرۇشنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى ۋە بۇ تەرەققىياتنىڭ ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمگە ۋە ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. قىرپاند دۆلىتى دەۋرىدىكى تاشقورغان كۆچمەن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان جاي بولماستىن، خېلى بۇرۇنلا ئولتۇراقلىشىپ قالغان، بىرقانچە ئورۇندا شەھەر بەرپا قىلىنغان، شەھەر ئەتراپىدا كۆپلىگەن يېزا-كەنتلەر بولغان، پادىشاھ-ئاقسۆڭەكلەر شەھەر ئىچىدە تۇرغان، پادىشاھلىق ۋارىسلىق تۈزۈمدە بولغان. ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مەنپەئىتىنى، خۇسۇسىي مۈلۈكنى قوغداش ئۈچۈن بىر قاتار قانۇن-تۈزۈملەر ئورنىتىلغان، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى خېلى تەرەققىي قىلغان بىر دۆلەت ئىدى. تارىخ كىتابلىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، سىرتقا قارىتا ئەسكەر چىقىرىش زۆرۈر بولۇپ قالسا، قىرپاند دۆلىتى دەرھال مىڭدەك ئەسكەر چىقىرالايدىكەن. بۇنىڭدىن قىرپاند دۆلىتىنىڭ خېلىلا روناق تاپقان تىپىك فېئوداللىق تۈزۈمدىكى بىر پادىشاھلىق دۆلەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

خاتىرىلەرگە قارىغاندا، بۇددا دىنى تۇنجى قېتىم قىرپاند دۆلىتىگە كىرگەن ۋە بۇ دۆلەتنىڭ دۆلەت دىنى بولغان. قىرپاند دۆلىتىنىڭ 500 دىن ئارتۇق راھىب، ئون نەچچە ئورۇندا ئىبادەتخانىسى بولغان. قىرپاند دۆلىتىنىڭ شاھى يەنە قوشنا دۆلەتتىن ئۆزىنى «تۆت تەرەپتىن ئالەمنى يورۇتقۇچى» دەپ ئاتالغان مەشھۇر تۆت راھىبنىڭ بىرسى بولغان تۇڭشۇنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن ۋە ئۇنىڭغا ئاتاپ ئىمارەتلىرى ھەشەمەتلىك، بۇتلىرى سۈرلۈك بولغان بىر ئىبادەتخانا سالدۇرغان، شۇنىڭ بىلەن شۇ ئەتراپتا تەسىرى ناھايىتى يۇقىرى بولغان بۇددا دىنى مەركىزى پەيدا بولغان. بۇنىڭدىن قىرپاند دۆلىتى پادىشاھىنىڭ بۇددا دىنىغا ئىنتايىن ئىخلاس قىلىدىغان تەقۋادار بۇددىست ئىكەنلىكىنى ھەمدە قىرپاند دۆلىتىدە بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىنىڭ ئىنتايىن چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

قىرپاند دۆلىتى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، تاشقورغان ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ ئىقتىسادى خېلىلا تەرەققى قىلغان. كىشىلەر بۇرۇنقى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن مۇقىم ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇشقا ئۆتكەن ھەمدە خېلى بۇرۇنلا سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىققا يول قويغان. قىرپاندلىقلارنىڭ سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ھەققىدە «لوياڭ. سانگاراما خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابتا مۇنداق خاتىرە بار: «قىرپاندلىقلار ئۆستەڭ سۈيى بىلەن دېھقانچىلىق قىلىدىكەن. ئۇلار (قىرپاندلىقلار) جۇڭگولۇقلار (ئىچكى ئۆلكىلەرنى دېمەكچى) نىڭ ھۆل - يېغىن بىلەن تېرىقچىلىق قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، تۇۋا، ئىلاھىي، ئەجەب ئۇلارغا ئوڭايلىق بېرىدىكەن - ھە. دەپ ھەيران قېلىشقان» دېھقانچىلىقتا بۇ يەردە ئاساسەن بۇغداي تېرىلغان.

چارۋىچىلىق ئىگىلىكى قىرپاند دۆلىتىدە يەنىلا ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن. پامىر ئېگىزلىكىدىكى بىپايان تەبىئىي ئوتلاقلار قىرپاندلىقلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى پايدىلىق شەرت - شارائىتلار بىلەن تەمىنلىگەن. قىرپاند دۆلىتى قول ھۈنەرۋەنچىلىكى خېلى زور تەرەققى قىلغان. «لياڭ خانلىقى تارىخى. جۇجانلار تەزكىرىسى» نىڭ «قىرپاند» بابىدا: «قىرپاند دۆلىتىدىن ناھايىتى ياخشى كىگىز، ئالتۇن، قاشتېشى چىقىدۇ» دەپ يېزىلغان. گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، شۇنى قەيت قىلىش زۆرۈركى، جەنگو دەۋرىدە يېزىلغان «مۇتيەنزىنىڭ تەرجىمھالى» دېگەن كىتابتا كۇئىنلۇن ۋە پامىر تاغلىرى ھەققىدە نۇرغۇن خاتىرىلەر بار. پامىر ئېگىزلىكى ئۇ چاغلاردا چۇڭشەن (葱山) دەپ ئاتىلاتتى. كىتابتا يېزىلىشىچە، مۇۋاڭ پامىر ئېگىزلىكىگە چىققاندىن كېيىن، ئەجەبلىنىپ: «پامىر ھەقىقەتەن دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز جاي ئىكەن» دەپ ئېيتقان ھەم پامىردا 5 كۈن تۇرغان. مۇۋاڭ يەركەندىكى قەبى-

لىلەرىنىڭ سوۋغا - سالاملىرىنى ئېلىپ، زەرەپشان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، قاغىلىقنىڭ جەنۇبىدا 400 چاقىرىم يىراقلىقتىكى پېل تاغلىرى (ھازىرقى تاشقورغان ناھىيە مارياڭ يېزىسىدىكى پېل كەنتى ئەتراپىدىكى پېل تاغلىرى) دىن قاشتېشى قازغان. كىتابتا يېزىلىشىچە، شۇ قېتىمقى قاشتېشى قېزىشنىڭ كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۈچ ھارۋىدا قاشتېشى قاچىلانغان، كىچىك پارچىلىرى تۈمەن پارچىغا يەتكەن. دېمەكچىمۇ، تاشقورغان رايونىدا خېلى بۇرۇنلا قاشتېشى قېزىش ئىشلىرى باشلانغان. قىرپاند دۆلىتى دەۋرىگە كەلگەندە، پامىر تاغلىرىدىكى كان بايلىقلىرىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىشلىرى خېلىلا راۋاجلانغان. بەزى تارىخشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، زەرەپشان دەرياسىدىن كۆپەك ئالتۇن سۈزۈپ ئېلىش ئىشلىرىمۇ قىرپاند دۆلىتى دەۋرىدە باشلانغان، زەرەپشان دەرياسىنىڭ نامىمۇ (ئالتۇن دەريا دېگەننى بىلدۈرىدۇ) شۇ چاغلاردا بارلىققا كەلگەن. ھازىرقى راسكام (تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى تاغلىق رايونىنىڭ نامى) بىلەن پوسكامنىڭ نامىلىرىمۇ شۇ زامانلاردا بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. «راسكام» نىڭ ئەسلىدىكى مەنىسى «راست كان»، «پوسكام» نىڭ مەنىسى «پەستىكى كان». دېگەن بولىدۇ. چۈنكى پوسكام راسكامنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە بولغاچقا، شۇنداق نام قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇ يەنە داۋاملىق تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك.

قىرپاندلىقلاردا سودا - سېتىق ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇشمۇ خېلىلا تەرەققىي قىلغان. ئۇلارنىڭ پاختا رەختتىن كىيىم - كېچىكى تاۋار ئالماشتۇرۇش يولى بىلەن كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى پامىر رايونى سوغاق، ئادەتتە كېۋەز تېرىلمايدۇ. پاختا رەختنى كېۋەز تېرىلىدىغان رايونلاردىن تاۋار ئالماشتۇرۇش يولى بىلەن ئەكىرىشكە توغرا كېلەتتى. كېۋەز تېرىلىدىغان رايونلاردا بولسا ئۇ چاغلاردا توقۇمىچىلىق ئىشلىرى خېلىلا راۋاجلانغان.

يىپەك يولىنىڭ ئاۋاتلىشىشى تاۋار ئالماشتۇرۇشنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن. قىرپاند دۆلىتى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، يىپەك يولىنىڭ تاشقورغان رايو- نىدىن ئۆتىدىغان قىسمى ناھايىتى راۋاجلانغان. قىرپاند دۆلىتىنىڭ پادىشاسى يىپەك يولىنى راۋانلاشتۇرۇش، سودا كارۋانلىرىغا ئوڭايلىق يارىتىش يولىدا كۆپلىگەن ئۆتەڭ، قونالغۇلارنى سېلىپ، ئۇلاردا داستان بولغىدەك ئاجايىپ مۆجىزى- لەرنى ياراتقان. بولۇپمۇ قىرپاند دۆلىتى پادىشاسىنىڭ دائىم قار - شىۋىرغان ئۈزۈلمەيدىغان چىچەكلىك داۋاندا سودا كارۋانلىرىغا ئۆتەڭ، قونالغۇلارنى

« چىچەكلىك » ـ تاشقورغاندىكى بىر داۋان.

قۇرۇپ بەرگەنلىكى خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ راۋايەتكە ئايلانغان. راۋايەت قىلىنىشىچە، «10 مىڭدىن ئارتۇق سودىگەر نەچچە مىڭ تۆگە بىلەن بۇ داۋانغا كەلگەندە، قاتتىق شىۋىرغانغا دۇچ كېلىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. قىرپاند دۆلىتىنىڭ پادىشاسى بۇ پاجىئەنى ئاڭلاپ، دۆلەت كاتتا زاتلىرىدىن بىرىنى ئەلچى سۈپىتىدە نەق مەيدانغا ئەۋەتىدۇ. ئۇ، سودىگەرلەردىن قېپقالغان ئالتۇن-كۈمۈش ۋە باشقا مال-مۈلۈكلەرنى يىغىپ، ھەر جايدا ئۆتەڭ-قونالغۇلارنى قۇرۇپ بېرىدۇ. قوشنا دۆلەتلەردىن يەر سېتىۋېلىپ، شەھەر، قورغان بەرپا قىلىپ، بېرىش-كېلىش ئىشلىرىنى راۋانلاشتۇرىدۇ» («ئۇلۇغ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتلارغا قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى»، 292-بەت). بۇ بىر راۋايەت بولسىمۇ، ئەمما ئۇ شۇ چاغدىكى يىپەك يولىنىڭ ئاۋاتلاشقانلىقىنى، قىرپاند دۆلىتى پادىشاسىنىڭ بۇ جەھەتتە كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەنلىكىنى بىر تەرەپتىن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

قىرپاند دۆلىتىنىڭ سودا يوللىرىدا كۆپلىگەن ئۆتەڭ-قونالغۇلارنى سېلىپ، سودا-سېتىق يولىنى راۋانلاشتۇرغانلىقى ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن نەچچە مىڭ سودا كارۋانلىرى ۋە باشقا يولۇچىلارغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، قىرپاند دۆلىتىنىڭ ئۆز ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشىغىمۇ ناھايىتى پايدىلىق ئىدى. قىرپاندلىقلار ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى — گۈللۈك كىگىز، يۇڭ، چارۋا، ئالتۇن، قاشتېشى قاتارلىقلارنى ئۆزلىرىگە ئېھتىياجلىق بولغان بويۇملار (پاختا رەخت، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى)غا مۇشۇ يول ئارقىلىق ئالماشتۇرغان.

قىرپاند دۆلىتى گۈللەنگەن مەزگىلدە ئۇرۇش-جېدەل ئازىيىپ، تىنچ-ئاسايىش ۋەزىيەت شەكىللەنگەچكە، ئىشلەپچىقىرىش خېلىلا راۋاجلانغان شەھەر-يېزىلىرى ئاۋاتلىشىپ، ئاھالىلار تېز كۆپەيگەن. خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، قىرپاندلىقلارنىڭ مەدەنىيىتىمۇ بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان. شۇڭلاشقىمۇ قىرپاند دۆلىتى ئەتراپىدىكى زامانداش بەگلىك-خانلىقلار ئىچىدە تەسىرى بىر قەدەر چوڭ، نوپۇزلۇق بىر سۇلالىغا ئايلانغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ بۇددا دىنى مەركىزىنى بەرپا قىلغانلىقى ئۇنىڭدا بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ خېلىلا راۋاجلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ ھەقتە يازما ماتېرىياللارنىڭ ئازلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە بىرەر قېتىممۇ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىغانلىقى سەۋەبىدىن قىرپاند دۆلىتىنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققى قىلىپ قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تولىمۇ ئاجىزلىق قىلىمىز.

ئەمما شۇنى قەيت قىلىش زۆرۈركى، بۇنىڭدىن مىڭ نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى قىرپاند دۆلىتى ھۆكۈمرانلىق قىلغان تاشقورغاندىن ئىبارەت بۇ خىلۋەت ئېگىز-لىكتە، كاتتا شەھەر ۋە ئىمارەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەرگىزمۇ سەلتەنەت ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە ھەربىي ئېھتىياج كۆزدە تۇتۇلغان. يەنە كېلىپ قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مۇشۇ جايدىن ئۆتكەنلىكى بىلەنمۇ ئالاھىدە مۇناسىۋەتلىك. يازما خاتىرىلەرگە قارىغاندا، قىرپاندلىقلارنىڭ ئەينى زاماندا مەخسۇس يېزىقى بولغان. بۇ يېزىقنى قوشنا سۇلالىلەرمۇ قوبۇل قىلىپ، دۆلەت يېزىقى سۈپىتىدە قوللانغان. شۈەنجۇاڭنىڭ «غەربىي يۇرتلارغا قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى» دە: «قىرپاندلىقلارنىڭ تىلى ۋە يېزىقى كاشغەر يېزىقىغا ئوخشايدۇ» دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، تاشقورغاندا، شۇ زاماندا ياشىغان ئاھالىلەرنىڭ شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەر بولۇشى، ھەتتا سوغدى تىل - يېزىقىنى قوللانغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق، بۇنى داۋاملىق تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىپ، ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ.

قىرپاند دۆلىتىنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىمۇ ناھايىتى كەڭ بولغان. ئۇ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە پامىردىكى ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتىگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغان. مەيلى جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە بولسۇن ياكى لياڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بولسۇن، قىرپاند دۆلىتى دائىم ئەلچى ئەۋەتىپ، تۈمەن چاقىرىملاپ يوللارنى بېسىپ، شىمالىي ۋېي ۋە لياڭ سۇلالىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرغان ھەم ئۆزىنىڭ يەر-لىك ئېسىل مەھسۇلاتلىرىنى ھەدىيە قىلغان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى مىلادى 435 - يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تەييەن يىللىرىنىڭ بىرىنچى يىلى)، غەربىي رايونغا ئەلچى ئەۋەتكەن. ئۇلارنى يېرىم يولدا جۇجانلار تۇتۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى يىلى يەنە ئالتە كىشىلىك ئەلچى ئەۋەتتى. ئۇيسۇن خانى ئۇلارنى قارشى ئالغان، ھەمدە پەرغانە ۋە چاش (ھازىرقى تاشكەنت) قا يولغا سالغان. ئۇلارنىڭ ئەلچىلىكى ئۇتۇقلۇق بولۇپ چىققان. مىلادى 439 - يىلى (تەييەننىڭ 5 - يىلى) پىشامشان، قانقىل، كۇچا، سۇلى، قىرپاند، ئۇيسۇن، پەرغانە، چاش، سوغدى خانلىرى شىمالىي ۋېي خانلىقىنىڭ پايتەختى پىنچىڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ، سوغاتلارنى تەقدىم قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى، ۋېي سۇلالىسىنىڭ شىگۇەن 2 - يىلى (مىلادى 453 - يىلى)، ۋېي سۇلالىسىنىڭ خېپىڭ 3 - يىلى (مىلادى 462 - يىلى)، ۋېي سۇلالىسىنىڭ جىڭمىڭ 3 - يىلى (مىلادى 502 - يىلى) غىچە غەربىي يۇرتتىكى سۇلالىلەر دائىم شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچىلەر ئەۋەتىپ، سوغاتلارنى تەقدىم

قىلغان. بۇ ھەقتە «ۋېي تارىخى. ئىمپېرىيە تەزكىرىسى» دە ئېنىق خاتىرە بار.

5-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا غەربتىكى ئېفتالىتلار (ئېفتالىتلار ئاق ھۇنلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇلار ئەسلى سەددىچىننىڭ شىمالىدا ياشىغان) تەخمىنەن 5-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇجانلار شىمالىي ۋېيدىن مەغلۇپ بولۇپ غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، جەنۇپقا كۆچۈپ ئۇلۇغ ياۋچىلار ئېلىگە بېسىپ كىرىپ، ئېفتالىتلار دۆلىتىنى قۇرغان. بۇ ئېلىمىز تارىخىي كىتابلىرىدا «خۋاگو» (滑国) ياكى «يادا» (嚈哒) دەپ ئاتالغان) شەرقىي تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەپ، جۇجان ئاق سۆڭەك-لىرى قولىدىن كۇچا، ئاقسۇ، سۇلى، قىرپاند، قاغىلىق، ئۇدۇن قاتارلىق جاي-لارنى تارتىۋالغان («ۋېي سۇلالىسى تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»)، قىرپاند دۆلىتى شۇنىڭ بىلەن بىر مەھەل ئېفتالىتلارغا تەۋە بولۇپ قالغان.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، تاڭ سۇلالىسى پۈتكۈل غەربىي رايوننى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بۇ رايوندا ئەنشى چوڭ تۇتۇق-ھىراۋۇل مەھكىمىسىنى قۇرغان (تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەن 14-يىلى. مىلادىنىڭ 640-يىلى). بۇ ۋاقىتتا قىرپاند دۆلىتى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنشى چوڭ تۇتۇق-ھىراۋۇل مەھكىمىسىگە بولغان، قىرپاندنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن بولۇپ، ئۆز ئارا ئەلچىلەر ئەۋەتىپ، سوغاتلار تەقدىم قىلىشىپ تۇرغان.

قىرپاندنىڭ شىمالىدىكى يېقىن قوشنىسى سۇلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ناھايىتى قويۇق بولغان. بەزى تارىخىي كىتابلاردا قىرپاند دۆلىتى پادىشاھسى بىلەن سۇلى پادىشاھسى يېقىن تۇغقانلار ئىدى، دەپ خاتىرىلەنگەن. قىرپاند بىلەن سۇلى ئۆز ئارا مال ئالماشتۇرۇپ، باردى-كەلدى قىلىپ تۇرغان.

قىرپاند دۆلىتى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم يول تۈگۈنىدە بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ غەربتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ قويۇق ئىدى. بولۇپمۇ ئىران بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئالاھىدە ياخشى ئىدى. «قىز قورغان»① راۋايىتى

---

① «ئۇلۇغ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتقا قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى» نىڭ «قىرپاند دۆلىتى» دېگەن بابىدا راھىب شۈەنزاڭ «قىز قورغان» راۋايىتىنى خاتىرى-لىگەن. ئۇنىڭدا، قىرپاندلىقلارنىڭ ئاھالىسى پارس پادىشاھسى خەن خاندانلىقى-نىڭ مەلىكىسىگە ئۆيلىنىش ئۈچۈن تاشقورغانغا كەلگەندە، كۈن ئىلاھىنىڭ مالاقەت قىلىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان، كۆپەيگەن، قىرپاند دۆلىتىنىڭ پادىشاھسى ئەنە شۇ مەلىكە قىزنىڭ كۈن ئىلاھى بىلەن تاپقان تۇنجى دانىشمەن بالىسى، دەپ يېزىلغان.

چوڭقۇر ئەپسانىۋى تۈس ئالغان بولسىمۇ، ئەمما، ئۇ قىرپاندنىڭ ئىپلىمىزنىڭ ئىچكىرىدىكى خاندانلىقلىرى بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتىنى ئەگرى-توقاي يوللار بىلەن ئىسپاتلاپ قالماستىن، يەنە بىر تەرەپتىن، قىرپاند دۆلىتىنىڭ ئاھالىلىرىنىڭ ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئارىيان قان سىستېمىدىكى قەبىلىلەردىن ئىكەنلىكىنى، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى باردى-كەلدىدە كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئوينىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا (تەخمىنەن مىلادىنىڭ 713—727-يىللىرى) قىرپاند دۆلىتىنىڭ پادىشاھىسى بىر قىسىم كىشىلىرىنى باشلاپ تۇيۇقتىن تەۋەلىكىگە ئۆتكەن. ئۇنىڭ تىز پۈكۈپ ئەل بولۇپ كېتىشىگە تۇبۇتلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئېلىپ بارغان پاراكەندىچىلىكى سەۋەب بولسا كېرەك، چۈنكى VII-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۇبۇتلار خېلىلا كۈچەيگەن. مۇشۇنداق تەھدىت ئالدىدا قىرپاند دۆلىتى پادىشاھىسى بەرداشلىق بېرەلمەي بەل قويۇپ بەرگەن بولۇشى مۇمكىن.

قىرپاند دۆلىتى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر 500 يىلدىن ئاشىدۇ. بۇ دەۋر قەدىمكى تاشقورغاننىڭ تارىخىدا غايەت زور ئۆزگىرىش بولغان ئالتۇن دەۋر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز ھازىر تاشقورغان رايونىنىڭ زىرائەت ئۆستۈرۈشكە بولىدىغانلىكى جايلىرىدا قەدىمكى ئېرىق-ئۆستەڭ خارابىلىرىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز. پەرھات ئۆستىڭى شۇلار ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ئۆستەڭ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئېرىق-ئۆستەڭلەر ئەمەلىيەتتە تاجىك خەلقىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش يولىدا ئۇزاق مۇددەت تەبىئەتكە قارشى جاپالىق كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. قەدىمكى زاماندا ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ناھايىتى قالاق، خەلقنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەن بولغان شارائىتتا، پەرھات ئۆستىڭىدەك شۇنچە چوڭ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىلغىنى، تاشقورغان رايونىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر مۆجىزە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ قەدىمي زاماندا مۇشۇ يەرلەرنىڭ ناھايىتى ئاۋاتلاشقان جايلار ئىكەنلىكىنىمۇ ئىسپاتلايدۇ.

بىزنىڭ پەرھات ئۆستىڭىنى قىرپاند دۆلىتى دەۋرىدە ئېلىپ بېرىلغان سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بىرى دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، بىرى، تاشقورغان رايونىدا پەرھات ئۆستىڭىدەك چوڭ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارالىغىدەك ۋە زور كۆلەملىك دېھقانچىلىق قىلىدىغان يېزىلىرىنى بەرپا قىلالىغىدەك ئاھالە پەقەت قىرپاند دۆلىتى دەۋرىدىلا بولغان. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن تاشقورغان رايو-

نىنىڭ ئاھالىسى كۆزگە كۆرۈنگىدەك كۆپەيمىگەن. يەنە بىرى، قىرپاند — دۆلىتى تۈبۈتلەرگە ئەل بولغاندىن كېيىن، خىلۋەت ئېگىزلىكتىكى بۇ جاي قىرپاند دۆلىتى دەۋرىدىكىدەك گۈللىنەلمىگەن ھەم زادىلا دۆلەت بولۇپ شەكىللەنمىگەن. ئەكسىچە، ئۇرۇش ۋە بۇلاڭ-تالاڭنىڭ ئازاۋىنى تارتىپ كەلگەن.

شۇڭا بىز، پەرھات ئۆستىڭى ۋە تاشقورغان رايونىدىكى قەدىمكى شەھەر قورۇلۇشىنى قىرپاند دۆلىتى دەۋرىدە ئېلىپ بېرىلغان، دەپ قارايمىز. چوڭقۇر ئىشىنىمىزكى، ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىياتى، بولۇپمۇ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە پەرھات ئۆستىڭىنىڭ سىرى چەزمەن ئېچىلىدۇ.